«وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِجَنَّتَانِ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ؟ذَوَاتَا أَفْنَانٍ» «قۇرئان» : (ئى ئىنسانلار ! جىنلار !) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر ؟ ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار.

ذَاتُ الْبَيْنِ : ھال ، ئەھۋال.

«وَأَصْلِحُوا ذَاتَ بَيْنِكُمْ» «قۇرئان» : ئاراڭلارنى تۈزىڭلار !

ذَاتُ الْجَنْبِ : كۆكرەك ياللۇغى ، كۆكرەك پەردە ياللۇغى.

ذَاتُ حُسْنٍ : چىرايلىق.

«هَذِهِ فَتَاةٌ ذَاتُ خُلُقٍ» : بۇ ئەخلاقلىق قىز.

ذَاتُ الرِّئَةِ : ئۆپكە كېسىلى ، ئۆپكە ياللۇغى.

عَادَ ذَاتُ الرَّجُلِ : ئادەمنىڭ ئۆزى قايتتى.

اَلثِّقَةُ بِالذَّاتِ : ئۆزىگە ئىشىنىش.

جَاءَ مِنْ ذَاتِ نَفْسِهِ : ئىختىيارى كەلدى.

اَلذَّاتُ الْإِلَاهِيَّةُ : ئالللاھ تائالا.

ذَاتُ الْبَطْنِ : بوۋاق.

ذَاتُ الشَّفَةِ : سۆز ، كەلىمە.

ذَاتُ صِلَةٍ : مۇناسىۋەتلىك ، مۇناسىۋىتى بار ، ئالاقىسى بار.

ذَاتُ قِيمَةٍ : قىممىتى يۇقىرى ، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

ذَاتُ الْيَمِينِ: ئوڭ تەرەپ.

«وَنُقَلِّبُهُمْ ذَاتَ الْيَمِينِوَذَاتَ الشِّمَالِ» «قۇرئان» : ئۇلارنى بىز ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز.

ذَاتُ النِّطَاقَيْنِ : ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما.

ذَاتُ الشِّمَالِ : شىمالغا.

«وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا» «قۇرئان» : ھەربىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ.

ذَاتُ مَرَّةٍ : بىر قېتىم.

ذَاتُ يَوْمٍ : بىر كۈنى ، مەلۇم بىر كۈنى.

فِي الْيَوْمِ ذَاتِهِ : شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە.

عَرَفَهُ مِنْ ذَاتِ نَفْسِهِ: ئۇنىڭ مەخپىيىتىنى بىلدى، كۆڭلىدىكىنى بىلدى.

«وَهُوَ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ» «قۇرئان» : ئۇ دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ذَاتُ الْيَدِ : بايلىق ، مال ـ مۈلۈك.

«أَنْفَقَ فُلَانٌ ذَاتَ يَدِهِ فِي عَمَلِ الْخَيْرِ» : پالانى ياخشىلىق يوللىرىغا قولىدا بارىنى ئاتىدى.

مَدْرَسَةٌ ذَاتُ فَصْلَيْنِ : ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ.

تَذْكِرَةٌ ذَاتُ قِرْشٍ : بىر قېرىشلىق بېلەت.

قِطْعَةٌ ذَاتُ عَشْرِ الْقُرُوشِ : ئون قېرىشلىق تەڭگە.

قَائِمٌ بِذَاتِهِ : مۇستەقىل ، ئۆز ئالدىغا.

ذَاتِيٌّ : شەخسەن ئۆزىگە.

بِالذَّاتِ : ئەمەلىيەتتە ، دەل ئۆزى ، ئەمەلىيەتتە.

بِذَاتِ الْمَكَانِ : بۇرۇنقى جايدا ، ئەسلىدىكى جايدا.

ذَاتُهُ : دەل ئۆزى ، ئۇنىڭ دەل ئۆزى.

فِي ذَاتِهِ : ئەسلىدە.

فِي حَدِّ ذَاتِهِ : ئەسلىدە.

إِحْتِرَامُ الذَّاتِ : ئۆزىنى ئۆزى ھۆرمەت قىلىش.

اَلْإِعْتِمَادُ عَلَى الذَّاتِ : ئۆز كۈچىگە تايىنىش.

اَلْإِغْتِرَارُ بِالذَّاتِ: چوڭچىلىق قىلىش ، مەنمەنلىك قىلىش ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىش.

اَلثِّقَةُ بِالذَّاتِ: ئۆزىگە ئىشىنىش.

إِنْكَارُ الذَّاتِ : ئۆزىنى ئۇنتۇش ، ئۆزىنى ئۇنتۇۋېلىش ، شەخسىيەتسىز.

حُبُّ الذَّاتِ : شەخسىيەتچىلىك.

مَدْحُ الذَّاتِ : تەكەببۇرلۇق قىلماق ، ئۆزىنى داڭلىماق ، چوڭچىلىق قىلماق.

مُحِبُّ ذَاتِهِ : شەخسىيەتچى.

ذَاتُ الْأَجْرَاسِ : ئاۋاز چىقىرىدىغان زەھەرلىك يىلان.

مِنْ تِلْقَاءِ الذَّاتِ: ئىختىيارسىز ، ئۆزلۈكىدىن.

مَالَ ذَاتَ الْيَمِينِ وَذَاتَ الشِّمَالِ : ئوڭغا ۋە سولغا بۇرالدى.

ذَاتًا : شەخسەن ، ئۆزى ، بىۋاسىتە.

إِبْنُ الذَّوَاتِ: مۆتىۋەرلەر ، يۇقىرى تەبىقە كىشىلەرى.

اَلْحَيَوَانَاتُ ذَوَاتُ الْفِقْرَةِ: ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار.

ذَوَاتُ الْبَلَدِ : ئاتاقلىق مەشھۇر شەخسلەر ، ئەربابلار.

ذَوَاتُ الأَرْبَعِ : چارپاي، ئۇلاغ.

ذَاتِيٌّ : شەخسى ، ئۆزى ، يەككە.

«تَصَرَّفَ بِدَافِعٍ ذَاتِيٍّ» : شەخسى تۈرتكە ئاستىدا ئىشلىدى.

«هَذَا الْجِهَازُ يَتِمُّ تَشْغِيلَهُ ذَاتِيًّا» : بۇ ئۈسكۈنە ئۆزلۈكىدىن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ.

ذَاتُ الْحُكْمِ الذَّاتِيِّ: ئۆز– ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، ئاپتونومىيە.

حُكْمٌ ذَاتِيٌّ : ئاپتونومىيە.

تَمْوِيلٌ ذَاتِيٌّ : ئۆز كۈچىگە تايىنىش.

عَيْبٌ ذَاتِيٌّ : تۇغما ئەيىب.

«هَذَا الطِّفْلُ يُعَانِي مِنْ عَيْبٍ ذَاتِيٍّ فِي نُطْقِهِ» : بۇ بالا سۆزلەشتە تۇغما كەمتۈك.

اِكْتِفَاءٌ ذَاتِيٌّ : ئۆز – ئۆزىنى تەمىنلەش.

ذَاتِيًّا : شەخسىي، ئۆزلۈكىدىن ، سۇبيېكتىپ.

سِيرَةٌ ذَاتِيَّةٌ : ئۆز تەرجىمىھالى؛ شەخسىي تەرجىمىھال.

ذَاجَ يَذُوجُ ذَوْجًا : تېز ماڭدى.

ذَاجَ الْمَاءَ : سۇ ئىچتى.

ذَاحَ يَذُوحُ ذَوْحًا : قاتتىق ماڭدى.

ذَاحَ الْجِمَالَ : تۆگىلەرنى قاتتىق ھەيدىدى.

ذَاحَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئايرىۋەتتى ، بۆلىۋەتتى.

ذَاخِرٌ : سېمىز.

ذَادَ يَذُودُ ذَوْدًا الرَّاعِي الإِبِلَ عَنِ الْمَاءِ : تۆگىنى سۇدىن توستى ، قوغلىۋەتتى ، توستى.

«وَوَجَدَ مِنْ دُونِهِمَا امْرَأَتَيْنِ تَذُودَانِ» (قرآن) : ئۇلاردىن باشقا يەنە ( قويلىرىنى سۇدىن ) توسۇپ تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى.

ذَادَ عَنْ وَطَنِهِ وَ حَرِيمِهِ : ۋەتىنىنى مۇداپىئە قىلدى ، قوغدىدى ، ساقلىدى.

ذَادَ النَّوْمَ عَنْ عَيْنَيْهِ : ئۇيقاق تۇردى.

اَلذَّارِيُّ: ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «ياراتقۇچى ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

ذَارَعَ يُذَارِعُ مُذَارَعَةً الْبَائِعُ الْمُشْتَرِي: گەزلەپ ساتتى.

اَلذَّارِيَاتُ : شامال؛ قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسى.

«وَالذَّارِيَاتِ ذَرْوًا» (قرآن) : ( توزۇپراقنى ) سورىغۇچى شاماللار بىلەن قەسەمكى.

ذَاعَ يَذِيعُ ذُيُوعًا الْخَبَرُ : خەۋەر تارقالدى ، يېيىلدى ؛ پاش بولدى ، ئاشكارا بولدى.

ذَاعَ السِّرُّ : سىر پاش بولدى.

ذَاعَ الْجَرَبُ فِي جِلْدِهِ : تېرىسىدىكى قوتۇرلۇق تارقالدى.

ذَاعِرٌ ج ذُعَّارٌ : قورققۇچى ؛ ئەسكى ؛ ئەيىبى كۆپ.

ذَاقَ يَذُوقُ ذَوْقًا و ذَوَاقًا و مَذَاقًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تېتىدى.

«فَذُوقُوا الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ» (قرآن) : كۇففار بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار.

«فَلَمَّا ذَاقَا الشَّجَرَةَ بَدَتْ لَهُمَا سَوْآتُهُمَا» (قرآن) : دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى.

«ذَاقَ طَعْمَ الْحُرِّيَّةِ» : ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىدى.

ذَاقَ الطَّعَامَ : تاماقنى تېتىدى ، تېتىپ كۆردى.

ذَاقَ الْعَذَابَ : ئازاب چەكتى ، جاپا تارتتى.

ذَاقَ الشَّيْءَ : نەرسىنى تەجرىبە قىلدى ، سىنىدى.

ذَاقَ الرَّجُلَ : كىشىنى سىنىدى.

ذَاقَ عُسَيْلَةَ الْمَرْأَةِ : جىما قىلدى.

**ذَاقَ مِنْهُ الذُّلَّ** : زۇلۇم چەكتى.

**مَاذَاقَ طَعْمَ النَّوْمِ** : ئۇخلىمىدى.

**ذَاقَتْ كَفُّهُ فُلَانَةً** : تۇتتى.

**ذُقْتُ فُلَانًا أَوْ مَاعِنْدَ فُلَانٍ** : تەجرىبە قىلدىم ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندىم.

**ذَاكَرَ يُذَاكِرُ مُذَاكَرَةً فِي الْأَمْرِ**: مەلۇم بىر ئىش ھەققىدە سۆزلەشتى ، پاراڭلاشتى ، مەسلىھەت ئۆتكۈزدى.

**ذَاكَرَ الطَّالِبُ دَرْسَهُ** : ئوقۇغۇچى دەرسىنى چۈشەندى ، يادلىدى ، تەكرارلىدى ، مۇزاكىرە قىلدى.

**ذَاكِرَةٌ** : ئالق : خاتىرە ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى.

**«لِفُلَانٍ ذَاكِرَةٌ قَوِيَّةٌ»** : خاتىرىسى كۈچلۈك.

**إِنْ لَمْ تَخُنِّي الذَّاكِرَةُ** : ئۇنتۇپ قالمىسام.

**مَطْبُوعٌ فِي الذَّاكِرَةِ** : ئۇنتۇلمايدۇ ، ئەستىن چىقمايدۇ.

**ذَالَ يَذِيلُ ذَيْلاً الْحَيَوَانُ** : ھايۋان قۇيرۇق چىقاردى ، قۇيرۇقى ئۇزۇردى.

**ذَالَ الشَّخْصُ** : كىشى تەكەببۇر بولدى.

**ذَالَ الشَّيْءُ** : نەرسە خار بولدى.

**ذَامٌ** : ئەيىب ، نۇقسان ، كەمچىلىك.

**ذَاهِبٌ** : كەتكۈچى ، بارغۇچى.

**ذَاهِبُ الصَّبْرِ** : سەۋرسىز ، ئىرادىسىز.

**ذَاهِلٌ**: قىيىن ئەھۋالدا قالغۇچى، ئىلاجىسىز قالغۇچى، چارىسىز قالغۇچى.

**ذَاوٍ (الذَّاوِي)** : قۇرۇغۇچى ، قۇرۇپ قالغۇچى.

**ذَائِبٌ** : ئېرىتمە.

**ذَائِدٌ ج ذَادَةٌ وَ ذُوَّادٌ** : قوغدىغۇچى ، مۇھاپىزەت قىلغۇچى ، ساقلىغۇچى.

**ذَائِعٌ** : تارقاتقۇچى.

**ذَائِعُ الصِّيْتِ** : مەشھۇر ، داڭلىق ، شۆھرەتلىك ، داڭدار.

**ذَائِقَةٌ** : ئېتىش سېزىمى ، زوق.

**ذُؤَابَةٌ ج ذَوَائِبُ** : ماڭلاي چاچ.

**ذَقَبَ يَذْأَبُ ذَأْبًا**: قورقۇتتى ، چۆچۈتتى ، ئۈركۈتتى.

**ذُئِبَ الشَّخْصُ** : بۆرىدىن چۆچىدى ، پادىسىغا بۆرە تەگدى.

**ذَئِبَ يَذْأَبُ ذَأَبًا** : بۆرىدەك غالجىرلاشتى ؛ بۆرىدىن قورقتى.

**ذَئِبَ الشَّخْصُ** : بۆرىدەك ياۋۇزلاشتى.

**ذَؤُبَ يَذْأُبُ ذَآبَةً الشَّخْصُ** : بۆرىدەك ياۋۇزلاشتى ؛ بۆرىدىن قورقتى.

**ذِئْبٌ ج ذُؤْبَانٌ** : ئوغرى ؛ دىۋانە.

**ذِئْبٌ ج ذِئَابٌ و أَذْؤُبٌ و ذُؤْبَانٌ**: بۆرە.

**ذِئْبٌ فِي جِلْدِ حَمْلٍ** : قوي تېرىسىغا ئورۇنىۋالغان بۆرە ، مەككار ، ئالدامچى.

**«قَالُوا يَاأَبَانَا إِنَّا ذَهَبْنَا نَسْتَبِقُ وَتَرَكْنَا يُوسُفَ عِنْدَ مَتَاعِنَا فَأَكَلَهُ الذِّئْبُ» (قرآن)** : ئۇلار : « ئى ئاتىمىز ! يۇسۇفنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق ، ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ »دېيىشتى.

**ذَأَلَ يَذْأَلُ ذَأْلاً و ذَأَلَانًا**: چاققان ماڭدى ، يېنىك ماڭدى ، چاپسان ماڭدى.

**ذَئَمَ يَذْأَمُ ذَأْمًا** : ئەيىبلىدى ، كايىدى ، ھاقارەتلىدى ، كەمسىتتى ؛ قوغلىدى.

**ذَأْمٌ** : ئەيىب ، نۇقسان ، كەمچىلىك.

**ذُبَابٌ ج أَذِبَّةٌ وَذِبَّانٌ** : چىۋىن، كۆكۈيۈن؛ ھەرە.

**ذُبَابُ الْعَيْنِ** : كۆزنىڭ قارچۇقىسى.

**«أَنْتَ أَعَزُّ عَلَيَّ مِنْ ذُبَابَةِ عَيْنِي»** : سەن ماڭا كۆز قارچۇقىمدىن قىممەتلىك.

**ذُبَابُ الشَّيْءِ**: قالدۇقى.

**ذُبَابُ السَّيْفِ** : قىلىچنىڭ بىسى.

**ذُبَاحٌ** : ئانگىنا.

**ذُبَالَةُ الْمِصْبَاحِ ج ذُبَالٌ** : پىلىك ، چىراغ پىلىكى.

**ذُبَالَةُ شَمْعَةٍ**: شامنىڭ پىلىكى.

**ذَبَّ يَذُبُّ ذَبًّا عَنْهُ** : قوغدىدى ، مۇھاپىزەت قىلدى ، ساقلىدى.

**«ذَبَّ الرَّجُلُ عَنْ حَرِيمِهِ»** : كىشى مەھرىمىنى

قوغلىدى ، قورۇدى.

«ذَبَّ الْبَائِعُ الذُّبَابَ عَنِ الْحَلْوَى» : پەركاز- چىلەك تاتلىق يېمەكلىكتىن چىۋىننى قورۇدى.

ذَبَّاحٌ : پوكانچى ؛ قاسساپ ؛ جاللات.

ذَبَّانَةُ الْبُنْدُقِيَّةِ : قورۇل.

ذَبَّبَ يُذَبِّبُ تَذْبِيبًا الْمُسَافِرُ فِي السَّيْرِ: مۇسا- پىر مېڭىشنى جىددىيلەشتۈردى.

ذَبَّبَ الْأُمُّ عَنْ وَجْهِ طِفْلِهَا : ئانا بالىدىن چىۋىن- نى قورۇدى.

ذَبَّحَ يُذَبِّحُ تَذْبِيحًا : قىردى ، كۆپ ئۆلتۈردى.

«يَسْتَضْعِفُ طَائِفَةً مِنْهُمْ يُذَبِّحُ أَبْنَاءَهُمْ وَيَسْتَحِي نِسَاءَهُمْ» «قۇرئان» : ئۇلاردىن بىر تائىپە( يەنى بەنى ئىسرائىل) نى بوزەك قىلدى، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى(خىزمەت- كە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇردى.

ذَبَحَ يَذْبَحُ ذَبْحًا الْجَزَّارُ الْخَرُوفَ : قاسساپ پاقلان بوغۇزلىدى ، زەبھى قىلدى ، ئۆلتۈردى.

«وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ إِنَّ اللهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تَذْبَحُوا بَقَرَةً» «قۇرئان» : ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە : « ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ » دېگەنىدى.

ذَبَحَتْهُ الْعَبْرَةُ : غەم - قايغۇ ئۇنى بوغۇۋالدى ، كانىيىدىن ئالدى.

ذَبَحَتْهُ الْعَطَشُ : ئۇسسۇزلۇق ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى.

ذَبَحَهُ بِغَيْرِ سِكِّينٍ : ئۇنى قاتتىق قىينىدى.

«مَنْ وُلِّيَ قَاضِيًا فَكَأَنَّمَا ذُبِحَ بِغَيْرِ سِكِّينٍ» «حديث» : كىمكى قازى بولىدىكەن، قاتتىق ئازابقا قالغان بولىدۇ.

ذَبَحَ صَدِيقَهُ: دوستىنى مەدھىيىلىدى.

ذِبْحٌ : قۇربانلىق.

«وَفَدَيْنَاهُ بِذِبْحٍ عَظِيمٍ» «قۇرئان» : بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى ( يەنى جەننەت- تىن چىققان قوچقارنى ) بەردۇق.

ذَبْحَةٌ: بىر قېتىم، بىر قېتىم بوغۇزلاش ، زەبھى قىلىش.

ذَبْحَةٌ صَدْرِيَّةٌ : زىققا.

ذَبْذَبَ يُذَبْذِبُ ذَبْذَبَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى تەۋرەت- تى ، لىڭشىتتى ، مىدىرلاتتى.

ذَبْذَبَهُ الْأَمْرُ: ئۇنى ئىككىلىنەندۇرۇپ قويدى ، ئارىسالدى قىلىپ قويدى.

ذَبَرَ يَذْبُرُ ذَبْرًا الْكِتَابَ: يازدى؛ چېكىت قويدى؛ تېز ئوقۇدى.

ذَبَرَ الْقِرَاءَةَ : يەڭگىل ئوقۇدى.

ذَبَرَ الشَّيْءَ: نەرسىنى بىلدى ، چۈشەندى.

ذَبَرَ يَذْبِرُ ذَبْرًا وذِبَارَةً : قارىدى ، سىنچىلاپ قارىدى.

ذَبَرَ الشِّعْرَ : شېئىر ئوقۇدى.

ذَبَرَ الْخَبَرَ : خەۋەرنى چۈشەندى.

ذَبِرَ يَذْبَرُ ذَبَرًا عَلَيْهِ : غەزەپلەندى.

ذَبْرٌ ج ذِبَارٌ : كىتاب.

ذَبَلَ يَذْبُلُ ذُبُولًا النَّبَاتُ : ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالدى، سولاشتى.

ذَبَلَ الْإِنْسَانُ وَالْحَيَوَانُ : ئادەم ياكى ھايۋان ئورۇق- لاپ كەتتى.

ذَبَلَ فُوهُ : تەشنالىقتىن ئاغزى قۇرۇپ كەتتى.

ذَبَلَ شَفَتَاهُ : تەشنالىقتىن كالپۇكى قۇرۇپ كەتتى.

ذَبَلَ لِسَانُهُ : تەشنالىقتىن تىلى قۇرۇپ كەتتى.

ذَبْلٌ: تاشپاقا قېپى.

ذَبْلٌ صِنَاعِيٌّ: سۈنئىي پىل چىشى ؛ ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى.

اَلذِّبْلُ: بالىسىنى يوقاتقان ، بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن.

اَلذَّبْلَةُ: ماياق ؛ قۇرۇتقۇچى شامال.

ذَبُوبَةٌ : چىۋىن كۆپ جاي.

ذَبِيحٌ ج ذَبْحَى : بوغۇزلانغان ھايۋان.

كَبْشٌ ذَبِيحٌ: قۇربانلىق قىلىنغان قوشقار، بوغۇز- لانغان قوشقار.

نَعْجَةٌ ذَبِيحٌ : بوغۇزلانغان ساغلىق ، قۇربانلىق قىلىنغان ساغلىق.

ذَبِيحَةٌ ج ذَبَائِحُ : نەزىر قىلىنغان مال ، ھەدىيە

قىلىنغان مال.

«وَزَّعَ الذَّبِيحَةَ عَلَى الْفُقَرَاءِ» : قۇربانلىقنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بەردى.

ذَجَّ يَذُجُّ ذَجًّا : سەپەردىن قايتىپ كەلدى.

ذَجَّ الْمَاءَ : سۇ ئىچتى.

ذَجَلَ يَذْجُلُ ذَجْلاً ـ ه: ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلدى.

ذَحَا يَذْحُو ذَحْوًا : تېزلەشتى ، ئىتتىكلىدى.

ذَحَا الْجِمَالَ : تۆگىلەرنى ھەيدىدى ، قوغلىدى.

ذَحْلٌ ج ذُحُولٌ و أَذْحَالٌ: ئۆچ ئالماق ، ئىنتىقام ئالماق ؛ ئۆچمەنلىك ، ئاداۋەت.

ذَخَرَ يَذْخَرُ ذُخْرًا الشَّيْءَ : نەرسىنى ساقلاپ قويدى ، زاپاس قىلىپ ساقلىدى ، يىغدى ، توپلىدى ، غەملەپ قويدى ، قورامساق قىلىپ قويدى.

ذُخْرٌ ج أَذْخَارٌ: غەملەنگەن نەرسە، زاپاس، قورامساق.

«أَنْتُمْ أَيُّهَا الشَّبَابُ ذُخْرُ الْوَطَنِ» : ياشلار ! سىلەر ۋەتەننىڭ بايلىقى سىلەر.

ذَخِيرَةٌ ج ذَخَائِرُ: ساقلاپ قويۇلغان نەرسە، دۇنيا ـ دەپىنە ، زاپاس نەرسە ، بايلىق ؛ كاپىتال ، دەسمايە ؛ قىممەت باھالىق بۇيۇم.

«حَفِظَكَ اللّٰهُ ذَخِيرَةً لَنَا» : ئاللاھ سىزنى بىزگە بايلىق قىلىپ ساقلاپ بەرسۇن.

ذَخِيرَةُ الْحَرْبِ: ئوق ـ دورا ، قورال ـ ياراق ، ھەربىي لازىمەتلىكلەر ، ھەربىي تەمىنات ، ھەربىي ئوزۇق ـ تۈلۈك.

ذَخِيرَةٌ حَرْبِيَّةٌ : قورال ـ ياراغ ، ئوق ـ دورا ، ھەربىي ئەشيا.

ذَخِيرَةٌ مُقَدَّسَةٌ : خاتىرە بۇيۇم ، مۇقەددەس بۇيۇم.

اَلذَّخِيرَةُ اللُّغَوِيَّةُ : تىل بايلىقى.

ذَرٌّ : قويۇۋەت ، تەرك ئەت.

«فَذَرْنِي وَمَنْ خَلَقْتُ وَحِيدًا» «قرآن» : ( ئى مۇھەممەد! ) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى ( يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنى ) ماڭا قويۇۋەت.

ذَرَا يَذْرُو ذَرْوًا التُّرابَ : توپا توزىدى.

«فَأَصْبَحَ هَشِيمًا تَذْرُوهُ الرِّيَاحُ» «قرآن» : كېيىن ئۇ قۇرۇپ تۆكۈلدى ، شاماللار ئۇنى ( تەرەپ ـ تەرەپكە ) ئۇچۇرۇپ كەتتى.

ذَرَتِ الرِّيحُ التُّرابَ : بوران توپا توزۇتتى.

ذَرَّالزَّارِعُ الْحَبَّ: دېھقان دانني شامالدا سورىدى.

ذَرَأَ اللّٰهُ الْخَلْقَ : ئاللاھ مەخلۇقاتلارنى ياراتتى.

ذِرَاعٌ ج أَذْرُعٌ و ذُرْعَانٌ: غولاچ ؛ بىلەك ؛ گەز ؛ پۇت ـ قول ؛ قويۇن.

ذِرَاعُ الْإِنْسَانِ : بىلەك.

أَلْقَ عَلَيَّ حَبْلَ الذِّرَاعِ: سەن ماڭا يېقىن.

رَحْبُ الذِّرَاعِ : كۈچلۈك.

«قَلِّدُواأَمْرَكُمْ رَحْبَ الذِّرَاعِ» «حديث» : ئىشىڭلارنى ئىقتىدارلىق ئادەمنى ئىگە قىلىڭلار.

وَاسِعُ الذِّرَاعِ: ئىقتىدارلىق ، ئەخلاقلىق.

مَالِي بِهِ ذِرَاعٌ: ئۇنىڭغا تاقىتىم يەتمەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا تەڭ تۇرالمايمەن ، ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيدۇ.

أَنْتَ ذِرَاعِيَ الْيَمِينُ : باشقا كۈن چۈشكەندە ساڭا يۆلىنىمەن.

رَمَى الطِّفْلُ نَفْسَهُ بَيْنَ ذِرَاعَيْ أُمِّهِ : بالا ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

بَسَطَ لَهُ ذِرَاعَيْهِ: ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ذَرَأَ يَذْرَأُ ذَرْأً اللّٰهُ النَّاسَ : ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتتى ، خەلق ئەتتى.

«قُلْ هُوَالَّذِي ذَرَأَكُمْ فِي الْأَرْضِ وَإِلَيْهِ تُحْشَرُوْنَ» «قرآن» : ئېيتقىنكى « ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە ياراتتى كۆپەيتتى، ( ھېساب بېرىش ئۈچۈن ) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر ».

ذَرَأَ الزَّارِعُ الْأَرْضَ : دېھقان يەرگە ئۇرۇق چاچتى ، تېرىدى.

ذَرِئَ يَذْرَأُ ذَرَأً الشَّخْصُ : چېكىسىگە ئاق كىردى.

ذَرِبَ يَذْرَبُ ذَرَبًا الرَّجُلُ : تىلى پاساھەتلىك بولدى.

ذَرِبَ لِسَانُ الشَّخْصِ : ئاغزى بىزەپ بولدى ، تىلى سەت بولدى.

ذَرِبَ السَّيْفُ : قىلىچ ئۆتكۈر بولدى.

**ذَرَبٌ ج أَذْرَابٌ** : ساقايماس كېسەل ، داۋاسى يوق كېسەل.

**ذَرِبٌ ج ذَرِبُونَ م ذَرِبَةٌ ذَرِبَاتٌ**: سۆزى پاساھەتـ ـلىك ئادەم ؛ تىلى ئۆتكۈر ، سۆزمەن ، گەپدان.

**رَجُلٌ ذَرِبٌ** : ئاغزى يامان ، ئاغزى بېزەپ.

**«كُنْتُ ذَرِبَ اللِّسَانِ عَلَى أَهْلِي»** : ئۆيدىكىلە ـرىمگە ئاغزىم بېزەپ ئىدى.

**ذُرَةٌ** : قوناق.

**ذُرَةٌ شَامِيَةٌ. ذُرَةٌ صَفْرَاءُ** : كۆمە قوناق.

**ذُرَةٌ بَلَدِيَّةٌ** : تېرىق.

**ذُرَةٌ رَفِيعَةٌ** : تېرىق ، سۆك.

**ذَرَّ يَذُرُّ ذَرًّا الشَّيْءَ**: قولىنىڭ ئۇچى بىلەن چاچتى.

**«ذَرَّ الْحَبَّ فِي الْأَرْضِ»** : يەرگە ئۇرۇق چاچتى ، تېرىدى.

**ذَرَّ الرَّجُلُ** : چېكىسى ئاقاردى.

**ذَرَّ اللّٰهُ عِبَادَهُ فِي الْأَرْضِ** : ئاللاھ بەندىلىرىنى زېمىنغا تارقاتتى.

**ذَرَّ الْمِلْحَ**: تۇز چاچتى.

**ذَرَّ الدَّوَاءَ الْعَيْنَ**: كۆزگە دورا تېمىتتى.

**ذَرَّ الرَّمَادَ فِي الْأَعْيُنِ**: ساختىپەزلىك قىلىپ كوللىدى ، ئالدامچىلىق قىلدى ، كۆز بوياـ ـمچىلىق قىلدى.

**ذَرَّ التُّرابَ فِي الْعُيُونِ**: كۆزگە توپا چاچتى ، (ساختىپەزلىك قىلدى).

**ذَرَّتِ النَّبَاتُ** : ئۆسۈملۈك بىخ چىقاردى.

**ذَرَّ يَذُرُّ ذُرُورًا الشَّمْسُ**: كۈننىڭ دەسلەپكى شولىسى چۈشتى.

**ذَرٌّ**: سالماق ، تۆكمەك ؛ ئەۋلاد ، ئىنسان ؛ زەررە؛ كىچىك چۈمۈلە.

**ذَرٌّ كَهْرَبِيَّةٌ** : ئىتون.

**ذَرًّا لِلرَّمَادِ فِي الْعُيُونِ**: قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ، ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن ، ئالدامچىلىق قىلىش يۈزىسىدىن.

**ذُرَّاحٌ ج ذَرَارِيحُ** : زىياندash ھاشارەت.

**ذَرَّايَةٌ** : چاقپىلەك ، شامالدۇرغۇچ ، دان تازىلاش ماشىنىسى.

**ذَرَّةٌ ج ذَرَّاتٌ** : ئاتوم ، زەررە ، مالېكۇلا ؛ چاڭ ـ توزان.

**مُفَاعِلٌ لِلذَّرَّةِ**: ئاتوم قازىنى.

**مِثْقَالَ ذَرَّةٍ** : قىلچىلىك ، ئازغىنا.

**«فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ» «قرآن»** : كىمىكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ.

**جُزْئُ الذَّرَّةِ**: ئاتوم زەررىچىسى.

**عِلْمُ الذَّرَّةِ**: ئاتوم نەزەرىيىسى.

**مُحَطَّمَةُ الذَّرَّةِ** : ئايلانما تېزلەتكۈچ.

**مِقْدَارَ الذَّرَّةِ** : كىچىككىنە ، ئازغىنە.

**عَصْرُ الذَّرَّةِ** : ئاتوم دەۋرى ؛ يېڭى دەۋر.

**ذَرَّاتُ الْعَرَقِ** : تەر تامچىلىرى.

**ذَرَّفَ يُذَرِّفُ تَذْرِيفًا وَ تِذْرَافًا وَ تَذْرِفَةً**: ئېقىتـ ـتى ، تۆكتى ، ئاقتۇردى.

**ذَرَّفَتِ الْعَيْنَ** : يىغلاتتى.

**ذَرَّقَ عَلَى الْأَرْبَعِينَ**: 40 ياشتىن ھالقىدى.

**ذَرَّقَ يُذَرِّقُ تَذْرِيقًا اللَّبَنَ** : سۈتنى سۇغا ئارىلاشتۇردى.

**ذَرَّى يُذَرِّي تَذْرِيَةً الرِّيحُ التُّرَابَ** : بوران توپا سورىدى ، بوران توپا توزۇتتى.

**«أَنَّ رَجُلًا قَالَ لِأَوْلَادِهِ إِذَا مِتُّ فَأَحْرِقُونِي ثُمَّ ذَرُّونِي فِي الرِّيحِ»** : بىر ئادەم بالىلىرىغا: «ئۆلسەم جەسىتىمنى كۆيدۈرۈپ شامالغا سورۇ- ۋېتىڭلار » دېدى.

**ذَرِّيٌّ**: ئاتومىنىڭ ؛ ئاتوم ئېنېرگىيە ئالىمى.

**اَلْأَشِعَّاعُ الذَّرِّيُّ** : ئاتوم نۇر رادىئاكسىيىسى.

**«سَلَامُ الْعَالَمِ مُهَدَّدٌ بِانْتِشَارِ الْأَسْلِحَةِ الذَّرِّيَّةِ»** : دۇنيا تىنچلىقى ئاتوم قوراللىرىنىڭ تارقىلىـ ـشى بىلەن تەھدىتكە ئۇچرىماقتا.

**اَلْإِشْعَاعُ الذَّرِّيُّ**: ئاتوم رادىئوئاكتىپلىق.

**ذَرِيحٌ ج ذَرَارِيحُ** : تۆپىلىك ، ئېگىزلىك ؛ ئۆتكۈر زەھەر.

**ذُرِّيَّةٌ ج ذَرَارِيُّ وذُرِّيَّاتٌ** : ئەۋلاد ، نەسىل ، بالا.

«وَإِنِّي أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» «قرآن» : مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سىغىنىپ ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن.

«قَالَ رَبِّ هَبْ لِي مِنْ لَدُنْكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً» «قرآن» : ئى پەرۋەردىگارىم ! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن.

طَاقَةٌ ذَرِّيَّةٌ : ئاتوم ئېنېرگىيىسى.

اَلْأَسْلِحَةُ الذَّرِّيَّةُ : ئاتوم قوراللىرى.

اَلنَّظَرِيَّةُ الذَّرِّيَّةُ : ئاتوم نەزەرىيىسى.

اَلْحَرْبُ الذَّرِّيَّةُ : ئاتوم ئۇرۇشى.

اَلْقُنْبُلَةُ الذَّرِّيَّةُ : ئاتوم بومبىسى.

ذَرَعَ يَذْرَعُ ذَرْعًا الْبَائِعُ الثَّوْبَ : ساتقۇچى رەختنى ئۆلچىدى.

ذَرَعَ الطَّرِيقَ : چامداپ ماڭدى.

«مَالَكَ تَذْرَعُ الْغُرْفَةَ جِيئَةً وَذَهَابًا؟» : ئالدى- كەينىڭگە مېڭىپ كەتتىڭغۇ؟

ذَرَعَهُ الْقَيْءُ : ئۇنى قەي قىستاپ كەتتى.

ذَرْعٌ : گەز ؛ قابىلىيەت ، ئىقتىدار ، كۈچ ؛ قول سۇناق ، قول سوزماق.

«وَلَمَّا جَاءَتْ رُسُلُنَا لُوطًا سِيءَ بِهِمْ وَضَاقَ بِهِمْ ذَرْعًا» «قرآن» : بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز ( يەنى پەرىشتىلەر ) لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا ( لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ ) قىيىن ئەھۋالدا قالدى، ئۇلار توغرىسىدا يۈرىكى سىقىلدى.

«فَاسْلُكُوهُ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا» «قرآن» : ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار!

ضَاقَ بِالْأَمْرِ ذَرْعًا: چارىسىز قالدى ، ئىلاجىسىز قالدى.

وَاسِعُ الذَّرْعِ : كۈچلۈك ، ئىقتىدارلىق ، قابىلىيەتلىك.

خَالِي الذَّرْعِ : غەم - قايغۇسىز.

ذَرَفَ يَذْرِفُ ذَرْفًا وَذُرُوفًا الدَّمْعُ: ياش ئاقتى ، ياش تۆكۈلدى.

«فَوَعَظَنَا رَسُولُ اللّٰهِ مَوعِظَةً بَلِيغَةً ذَرَفَتْ لَهَا الْعُيُونُ» «حديث» : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە شۇنداق تەسىرلىك ۋەز ئېيتتىكى، كۆزلەردىن ياش تۆكۈلدى.

ذَرَفَ دَمْعًا سَخِيْنًا: ئىسسىق ياش تۆكتى.

ذَرَفَ دُمُوعَ التَّمَاسِيحِ : يىغلىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

ذَرَفَتْ عَيْنُهُ الدَّمْعَ : كۆزى ياش تۆكتى.

ذَرَقَ يَذْرُقُ ذَرْقًا الطَّائِرُ : قۇش ماياقلىدى.

ذَرَقَ الشَّخْصُ عَلَى النَّاسِ : كىشىلەرگە سېسىق گەپ قىلدى.

«مَاهَجَاهُ، بَلْ ذَرَقَ عَلَيْهِ» : ئۇنى ھەجۋى قىلمىدى ، بەلكى ئۇنىڭغا سېسىق گەپ قىلدى.

ذَرْقٌ: ماياق.

ذَرْقُ الطُّيُورِ: قۇش مايىقى.

ذُرْوَةٌ. ذِرْوَةٌ ج ذُرًى : چوققا ، يۇقىرى پەللە ، تاغ چوققىسى ؛ تۆگىنىڭ لوككىسى.

ذُرْوَةُ الْمَجْدِ : شان - شەرەپ چوققىسى.

«اَلْعِلْمُ يَرْفَعُنَا إِلَى ذُرْوَةِ الْمَجْدِ» : ئىلىم بىزنى شان - شەرەپنىڭ چوققىسىغا كۆتۈرىدۇ.

اِجْتِمَاعُ الذُّرْوَةِ : دۆلەت باشلىقلىرى كېڭىشى ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلار يىغىنى.

«فُلَانٌ يَفْتِلُ فِي الذُّرْوَةِ وَالْغَارِبِ» : مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدۇ.

مُؤْتَمَرُ الذُّرْوَةِ: چوڭ دۆلەتلەر باشلىقلار يىغىنى.

ذَرُورٌ ج أَذِرَّةٌ : كۆز ياكى جاراھەت جايىغا چېپىلىدىغان قۇرۇق دورا ؛ تاماققا سېلىنىدىغان تۇز ؛ ئەتىرنىڭ بىر خىلى.

ذَرُورِيٌّ : تالقان ، تالقانسىمان.

أَحْمَرُ ذَرِيحِيٌّ: سۆسۈن رەڭ.

ذَرِيعٌ : تېز ، چاپسان ؛ كېلىشتۈرگۈچى ، ئەپلەشتۈرگۈچى ، مۇرەسسەچى.

قَتْلٌ ذَرِيعٌ : چوڭ قىرغىنچىلىق.

ذَرِيعَةٌ ج ذَرَائِعُ : ئۇسۇل ، قائىدە ، ۋاستە ، چارە - تەدبىر ؛ دەستەك ، باھانە.

«اِتَّخَذَ رُسُوبَهُ ذَرِيعَةً لِتَرْكِ الدِّرَاسَةِ» : ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى دەرس تاشلاشنىڭ

باھانىسى قىلىمۇالدى.

**مَذْهَبُ الذَّرَائِعِ:** مەنپەئەتپەرەسلىك.

**سَدُّ الذَّرَائِعِ :** باھانە ـ سەۋەبنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

**ذُعَافٌ ج ذُعْفٌ :** ئۆتكۈر زەھەر ، ئۆلتۈرگۈچى زەھەر.

**«اَلْإِفْرَاطُ فِي التَّذْخِينِ كَالسَّمِّ الذُّعَافِ» :** تاماكىنى ھەددىدىن ئارتۇق چېكىشنىڭ ئۆزى تېز جاننى ئالىدىغان زەھەردۇر.

**مَوْتٌ ذُعَافٌ :** ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈم ، تاسادىپىي ئۆلۈم.

**سُمٌّ ذُعَافٌ :** دەرھال جاننى ئالىدىغان زەھەر.

**دَاءٌ ذُعَافٌ :** جاننى ئالىدىغان كېسەل.

**ذَعَرَ يَذْعَرُ ذَعْرًا ـ هُ الظَّلَامُ:** قاراڭغۇلۇق ئۇنى قورقۇتتى ، تەھدىت سالدى ، چۆچۈتتى.

**«قُمْ فَأْتِ الْقَوْمَ وَلَاتَذْعَرْهُمْ» ‹حديث› :** تۇرغىن، قەۋمگە بارغىن ، ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتمىگىن.

**ذُعِرَ الشَّخْصُ :** قورقتى ، چۆچۈدى.

**ذُعْرٌ . ذَعَرٌ :** چۆچۈمەك ، قورقماق ، ئالاقزادە بولماق.

**«دَبَّ الذُّعْرُ إِلَى قَلْبِ فُلَانٍ» :** قورقۇنچ بېسىۋالدى.

**ذَعِرٌ ج ذَعِرُونَ:** قورققۇچى ، چۆچۈگۈچى.

**ذُعْرَةٌ :** سۆڭگۈچ ؛ ئەيىبى كۆپ ئادەم.

**ذَعِرَةٌ ج ذَعِرَاتٌ:** قورققۇچى ، چۆچۈگۈچى.

**ذُعْرِيَّةٌ :** قاتتىق يىل ، قىيىن يىل.

**ذَعَقَ يَذْعَقُ ذَعْقًا ـ هُ:** ئۇنىڭغا زەربە بەردى.

**ذَعِقَ يَذْعَقُ ذَعَقَانًا:** تېز ئۆلدى.

**ذَعْقٌ :** دەرھال ئۆلتۈرىدىغان زەھەر.

**ذَعَقَ يَذْعَقُ ذَعْقًا :** تۇۋلىدى ، ۋارقىرىدى ، قورقۇتتى.

**ذَعِنَ يَذْعَنُ ذَعَنًا :** بويسۇندى ، ئىتائەت قىلدى ، باش ئەگدى.

**ذَعُورٌ :** گۇمان قىلىشتىن ۋە سەت گەپ قىلىشتىن قورقىدىغان ئايال.

**اَلذَّقَاقُ :** نەرسە.

**مَاذَاقَ ذَقَاقًا :** ھېچنەرسە ئېتىمىدى.

**ذِقَاقٌ ج أَذِقَّةٌ وَذُقُقٌ :** ئۆتكۈر زەھەر ؛ ئاز سۇ.

**ذَفِرَ يَذْفَرُ ذَفَرًا الشَّيْءُ:** نەرسە سېسىق پۇرىدى ، بەدبۇي پۇراق چىقتى.

**ذَفِرٌ:** سېسىق ، بەدبۇي.

**رَجُلٌ ذَفِرٌ:** بەدبۇي ئادەم ؛ سېسىق پۇرايدىغان ئادەم.

**اَلذِّفْرَى ج ذِفْرِيَّاتٌ :** قۇلاقنىڭ كەينىدىكى سۆڭەك.

**ذَفَّ يَذِفُّ ذَفًّا وذَفَفًا وذِفَافًا عَلَى الْجَرِيحِ :** ئۆلتۈرۈپ بولدى، ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى.

**ذَفَّ فِي الْأَمْرِ:** تېزلەتتى ، ئىلدام قىلدى.

**ذَفَّهُ الْمَرَضُ :** ئۇنى كېسەل ھالاك قىلدى ، ئۆلتۈردى.

**ذَفَّ يَذِفُّ ذَفِيفًا الْأَمْرُ:** ئىش تەييار بولدى.

**ذَفَّ الطَّائِرُ :** قۇش تېز ئۇچتى.

**اَلذَّفُّ:** ئاياغ تىۋىشى.

**اَلذُّفُّ :** ئاز.

**مَاءٌ ذُفٌّ :** ئاز سۇ.

**ذَفَّفَ يُذَفِّفُ تَذْفِيفًا الْمُحَارِبُ عَلَى الْجَرِيحِ:** جەڭچى يارىدارنى ئۆلتۈردى.

**«... لَا يُقْتَلُ أَسِيرٌوَلَا يُذَفَّفُ عَلَىَجَرِيحٍ» :** ئەسىرنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ ، شۇنىڭدەك يارىدارمۇ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

**ذَفِيفٌ :** تېز ، يەڭگىل.

**صَلَاةٌ ذَفِيفَةٌ :** يېنىك ئوقۇلغان ناماز.

**«دَخَلْتُ عَلَى أَنَسٍ وَهُوَ يُصَلِّي صَلَاةً خَفِيفَةً ذَفِيفَةً كَأَنَّهَا صَلَاةُ مُسَافِرٍ» ‹حديث› :** ئەنەسنىڭ قېشىغا كىرسەم، مۇساپىرنىڭ نامىزىدەك يەڭگىل ۋە تېز ناماز ئوقۇۋاتىدىكەن.

**رَجُلٌ خَفِيفٌ ذَفِيفٌ :** يەڭگىل ، چاققان ئادەم.

**ذَقَنَ يَذْقُنُ ذَقْنًاالشَّخْصُ عَلَىعَصَاهُأَوْعَلَى يَدِهِ:** ھاسىغا ياكى قولىغا ئېڭىكىنى تىرىدى.

ذَقَنَهُ بِالْعَصَا : هاسا ئېگىكىگە تېگىپ كەتتى.

ذَقِنَ يَذْقَنُ ذَقْنًا الرَّجُلُ : ئېگىكى ئۇزۇن بولدى.

ذَقْنٌ ج أَذْقَانٌ : ساقال – بۇرۇت.

ذَقْنُ التَّيْسِ : ئۆچكە ساقال.

ذَقْنُ الشَّيْخِ : ئاچچىق ئەمەن.

خَرُّوا لِلْأَذْقَانِ : سەجدە قىلدى.

«وَيَخِرُّونَ لِلْأَذْقَانِ يَبْكُونَ وَيَزِيدُهُمْ خُشُوعًا» «قۇرئان» : ئۇلار يىغلىغان هالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ ، تېخىمۇ تەزەررۇ قىلىدۇ.

ذَقَنٌ ج أَذْقَانٌ وذُقُونٌ : ئېگەك.

«إِنَّا جَعَلْنَا فِي أَعْنَاقِهِمْ أَغْلَالًا فَهِيَ إِلَى الْأَذْقَانِ فَهُمْ مُقْمَحُونَ» «قۇرئان» : بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېگەكلىرىگىچە تاقاقلارنى تاقىدۇق ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ ( يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ ) .

ضَحِكَ عَلَى ذَقَنِهِ : ئالدىدى.

«مُثْقَلٌ اِسْتَعَانَ بِذَقَنِهِ» «مثل» : پايدىسىز ئۇرۇندى، ( ئۈزىدىن تۆۋەن كىشىدىن سورىغانغا تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدۇ)

أَبُو ذَقَنٍ : ساقال قويغان ئادەم.

ذَقَنُهُ رَخْوَةٌ : ئىرادىسى بوش ئادەم.

غَصْبًا عَنْ ذَقَنِكَ : گەرچە سىز خالىمىغان بولسىڭىزمۇ.

«غَرِقَ فِي عَمَلِهِ إِلَى ذَقَنِهِ. غَرِقَ فِي عَمَلِهِ حَتَّى ذَقَنِهِ» : ئىشقا پۈتۈنلەي بېرىلدى ؛ چۆمۈپ كەتتى.

ذِقْنٌ : قېرىغان ئادەم ؛ ئېگەك.

ذَكَا يَذْكُو ذَكًا و ذَكَاةً الذَّبِيحَةَ : ئۆلتۈردى ، بوغۇزلىدى.

ذَكَا الشَّاةَ: قوينى بوغۇزلىدى ، ئۆلتۈردى.

ذَكَا يَذْكُو ذُكُوًّا وَذَكًا وذَكَاءً لَهَبُ النَّارِ: ئوت يالقۇنجىدى.

ذَكَتِ الشَّمْسُ : قۇياش قاتتىق ئىسسىدى ، قاتتىق قىزىدى.

ذَكَتِ الْحَرْبُ : ئۇرۇش قىزىدى.

ذَكَا الشَّخْصُ: ئۆتكۈر بولدى، ئەقىللىق بولدى، چېچەن بولدى.

ذَكَا يَذْكُو ذَكَاءً الْمِسْكُ : ئىپار پۇرىدى ، خۇش پۇراق چىقاردى.

ذَكَاءٌ: دانالىق، چېچەنلىك، هوشيارلىق؛ ئەقىل-پاراسەت؛ ئوت يالقۇنى.

أَحْرَقَنِي ذَكَاءُهَا : ئوت يالقۇنى مېنى كۆيدۈردى.

ذَكَاءٌ مُجَرَّدٌ: يوشۇرۇن ئەقىل.

ذُكَاءُ : قۇياش ، كۈن.

اِبْنُ ذُكَاءٍ : تاڭ، سۈبھى.

ذَكَرَ يَذْكُرُ ذِكْرًا وتَذْكَارًا وذُكْرًا الشَّيْءَ فِي ذِهْنِهِ : يادىدا تۇتتى ، ئېسىدە تۇتتى.

«قَدْ اَفْلَحَ مَنْ تَزَكَّى وَذَكَرَاسْمَ رَبِّهِ فَصَلَّى» «قۇرئان» : (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن ) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى . ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى ، ئاندىن ناماز ئوقىدى.

«فَإِنِّي نَسِيتُ الْحُوتَ وَمَا أَنْسَانِيْهِ اِلَّا الشَّيْطَانُ اَنْ اَذْكُرَهُ» «قۇرئان» : مەن راستتىنلا بېلىقنى ئۇنتۇپتىمەن . بېلىقنىڭ (ئاجايىپ ۋەقەسى) نى ساڭا ئېيتىشنى پەقەت شەيتان ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ.

«اُذْكُرْ نِعْمَتِي عَلَيْكَ وَعَلَى وَالِدَتِكَ» «قۇرئان» : ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن.

ذَكَرَ الطَّالِبُ قَصِيدَةً : قەسىدىنى ئېسىگە ئالدى.

ذَكَرَ اللّٰهَ: ئاللاھقا سانا ئېيتتى.

«وَاذْكُرْ رَبَّكَ كَثِيرًا» «قۇرئان» : پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ مەدھىيىلىگىن.

ذَكَرَهُ : ئۇنى تىلغا ئالدى.

«وَاذْكُرْ رَبَّكَ إِذَا نَسِيتَ» «قۇرئان» : ( خۇدا خالىسا ، دېگەن سۆزنى ) ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن.

«فَكُلُوا مِمَّا ذُكِرَ اسْمُ اللّٰهِ عَلَيْهِ» «قۇرئان» : ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان هايۋانلارنى يەڭلار.

ذَكَرَ النِّعْمَةَ : شۈكرى قىلدى.

ذَكَرَ فُلاَنَةً : ئايالغا تويى قىلىش تەلىپىنى قويدى، ئاياللغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى.

ذَكَرَ الشَّيْءَ لَهُ: بىلدۈردى ، مەلۇم قىلدى.

ذَكَرَاسْمَ اللّٰهِ عَلَى ذَبِيحَةٍ: مالنى بىسمىللا دەپ بوغۇزلىدى ، مال بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئالدى.

ذَكَرَهُ بِالْخَيْرِ : ئۇنى مەدھىيىلىدى ، ماختىدى.

ذَكَرَهُ بِالشَّرِّ: ئۇنى ئەيىبلىدى ، يامان گېپىنى قىلدى، مالامەت قىلدى.

قِيمَتُهُ لاَتُذْكَرُ : تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ، قەدرى ـ قىممىتى يوق.

ذِكْرٌ ج أَذْكَارٌ : نام ، نوپۇز ، ئابروي ؛ ئاتاق ؛ دۇئا ، زىكىر ؛ ناماز ؛ ھېيىزى قىلىش ، يادقا ئېلىش.

«اِقْرَأْ مَاتَيَسَّرَ مِنْ آيَاتِ الذِّكْرِالْحَكِيمِ» : قۇرئان ئايەتلىرىدىن قولاي بولغىنىنى ئوقۇغىن!

«كَانَ الأَنْبِيَاءُ عَلَيْهِمُ السَّلاَمُ إِذَا حَزَبَهُمْ أَمْرٌ فَزِعُوا إِلَى الذِّكْرِ» «حديث» : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملار بېشىغا بىرەر ئىش كەلسە نامازغا ئالدىرايتتى.

حَلْقَةُ الذِّكْرِ : زىكرى ھالقىسى.

«ص وَالْقُرْآنِ ذِي الذِّكْرِ» «قرآن» : صاد . شانلىق قۇرئان بىلەن قەسەمكى ( بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن مۆجىزىدۇر ) .

«وَلَقَدْ يَسَّرْنَا الْقُرْآنَ لِلذِّكْرِ» «قرآن» : ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ھېيىزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق.

اَلذِّكْرُ الْحَكِيمُ : قۇرئان كەرىم.

طَيِّبُ الذِّكْرِ: نامى ئۆچمەس ، ياخشى ئادەم.

لَهُ ذِكْرٌ فِي النَّاسِ : ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئابرويى بار.

مُتَقَدِّمُ الذِّكْرِ : يۇقىرىدا ئۆتكەن ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان.

سَالِفُ الذِّكْرِ : ئالدىدا ئېيتىلغان ، ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان.

إِحْيَاءُ الذِّكْرِ : خاتىرىلىمەك.

خَصَّهُ بِالذِّكْرِ : ئۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

لاَيَسْتَحِقُّ الذِّكْرَ : تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ ، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ، ئەھمىيەتسىز.

مِمَّا هُوَ جَدِيْرٌ بِالذِّكْرِ : تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان.

ذَكَرٌ ج ذُكُورٌ و مَذَاكِيْرُ : ئەرلىك جىنسىي ئەزا ، زەكەر.

ذَكَرٌ ج ذُكُورٌ وذُكْرَانٌ : ئەر ، ئەركەك.

«يُوْصِيْكُمُ اللّٰهُ فِي أَوْلاَدِكُمْ لِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الأُنْثَيَيْنِ» «قرآن» : ئاللاھ بالىلىرىڭلارغا تېگىدىغان مىراس ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئاياللىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ.

«يَهَبُ لِمَنْ يَشَاءُ إِنَاثًا وَيَهَبُ لِمَنْ يَشَاءُ الذُّكُورَ أَوْيُزَوِّجُهُمْ ذُكْرَانًا وَإِنَاثًا» «قرآن» : ئاللاھ خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ ، ياكى ئۇلارغا ئوغۇل ـ قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ.

شِعْرٌ ذَكَرٌ : پۇختا شېئىر.

رَجُلٌ ذَكَرٌ : قەھرىمان ئەر ، باتۇر ئەر.

سَيْفٌ ذَكَرٌ : ئۆتكۈر قىلىچ.

ذَكَرُ النَّحْلِ : ئەركەك ھەسەل ھەرىسى.

ذُكْرَانِيٌّ: ئەر كىشىگە مەنسۇپ ، ئەرەنچە ، ئەرلەرنىڭ ، ئەرلىك.

اِمْرَأَةٌ ذَكِرَةٌ : ئايال قەھرىمان.

ذِكْرَى ج ذِكْرَيَاتٌ: خاتىرە ، ئەسلەش ، خاتىرىلەش ، ياد ئېلىش ؛ يادىكار.

«فَلاَتَقْعُدْبَعْدَ الذِّكْرَى مَعَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ» «قرآن» : ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن.

«لِطُفُولَتِنَا ذِكْرِيَاتٌ سَعِيدَةٌ» : بالىلىق چاغلىرىمىزنىڭ شېرىن ئەسلىمىلىرى بار.

اَلذِّكْرَى الْمِئَوِيَّةُ: يۈز يىللىقنى خاتىرىلەش.

اَلذِّكْرَى الأَلْفِيَّةُ : مىڭ يىللىقنى خاتىرىلەش.

**اَلذِّكْرَى السَّنَوِيَّةُ** : يىللىق خاتىرىلەش.

**ذِكْرَيَاتُ الْمَاضِي**: ئۆتمۈش خاتىرىلىرى ، ئۆتمۈشنى ئەسلەش.

**ذَكَّرَ يُذَكِّرُ تَذْكِيرًا** : ئەسلەتتى.

**«وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنْفَعُ الْمُؤْمِنِيْنَ» «قرآن»** : ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن ، ۋەز ـ نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىق.

**«أَنْ تَضِلَّ إِحْدَاهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَاهُمَا الأُخْرَى» «قرآن»** : بۇ ئىككى ئاياللىڭ بىرى ئۇنتۇپ قالسا ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ.

**ذَكَّرَ الْخَطِيبُ النَّاسَ** : خەتىب كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتتى.

**ذَكَّرَ الْكَلِمَةَ** : سۆزگە مۇزەككەر بويىچە مۇئامىلە قىلدى.

**ذَكَّرْتُ صَدِيقِي دِيْنَهُ أَوْ بِدِينِهِ** : مەن دوستۇمغا ئۇنىڭ قەرزىنى ئەسلەتتىم.

**ذَكَّى يُذَكِّي تَذْكِيَةً الشَّاةَ** : قوينى بوغۇزلىدى ، سويدى ، ئۆلتۈردى.

**«إِلَّا مَاذَكَّيْتُمْ» «قرآن»** : لېكىن ( يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا ) بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ.

**ذَكَّى النَّارَ** : ئوت ياقتى ، ئوتنى ياندۇردى.

**ذَكَى يَذْكِي ذَكَاءً** : ئەقىللىق بولدى ، پاراسەتلىك بولدى ، چېچەن بولدى ، ھوشيار بولدى.

**ذَكِيٌّ ج أَذْكِيَاءُ**: ھوشيار ، چېچەن ، زېرەك.

**«هَذِهِ الْمَسْأَلَةُ لاَيَحِلُّهَا إِلَّا ذَكِيٌّ فَطِنٌ»** : بۇ مەسىلىنى پەقەت ھوشيار ، دانا ئادەملا ھەل قىلالايدۇ.

**ذَكِيُّ الرَّائِحَةِ** : خۇشبۇي ، خۇش پۇراق.

**ذَكِيُّ الطَّعْمِ** : تەملىك ، مەززىلىك.

**ذَلَالَةٌ**: رەزىللىك ، خارلىق ، شەرمەندىلىك ، پەسلىك.

**ذَلِقَ يَذْلَقُ ذَلَقًا الأَلْقُ**: پاناق بولۇپ قالدى.

**ذَلَقَ يَذْلُقُ ذَلَاقَةً السِّكِّيْنَ** : پىچاقنى بىلىدى ، پىچاقنى ئىتتىكلەتتى.

**ذَلَقَ يَذْلُقُ ذَلَاقَةً اللِّسَانُ**: پاساھەتلىك بولدى ، سۆزمەن بولدى ، تىلى ئۆتكۈر بولدى ، راۋان سۆزلىدى.

**ذَلْقٌ** : بىسى ؛ يېنى.

**ذَلْقُ الشَّيْءِ** : نەرسىنىڭ بىسى.

**ذَلِقُ اللِّسَانِ** : سۆزمەن ، ناتىق ، پاساھەتلىك ، تىلى ئۆتكۈر ، تىلى راۋان.

**ذَلْقَةُ الشَّيْءِ**: نەرسىنىڭ بىسى ، نەرسىنىڭ يېنى.

**ذَلْقَةُ اللِّسَانِ** : تىلنىڭ ئۇچى.

**ذَلَّ يَذِلُّ ذُلًّا الشَّخْصُ** : خار بولدى ، پەس بولدى ، خارلاندى ، چۈشكۈنلەشتى.

**«لَوْلاَ أَرْسَلْتَ إِلَيْنَا رَسُولاً فَنَتَّبِعَ آيَاتِكَ مِنْ قَبْلِ أَنْ نَذِلَّ وَنَخْزَى» «قرآن»** : ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن ( يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشتىن ) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق ، ئۇلار چوقۇم : « نېمىشقا بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىڭ ؟ بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق » دەيتتى.

**ذَلَّ الْعَابِدُ رَبَّهُ** : ئابىد پەرۋەردىگارىغا بويسۇندى.

**«ذَلَّ الْبَعِيرُ»** : تۆگە كۆندى.

**ذُلٌّ . ذِلَّةٌ**: رەزىللىك ، خارلىق ، پەسلىك ، شەرمەندىلىك.

**«يُصَلِّي فِي ذُلٍّ وَخُشُوعٍ»** : سۇنۇق ۋە كەمتەرلىك بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ.

**خَفَضَ لَهُ جَنَاحَ الذُّلِّ** : مۇلايىم ، كەمتەر بولدى.

**«وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ» «قرآن»** : ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن.

**ذَلَّلَ يُذَلِّلُ تَذْلِيْلًا** : يەڭدى ، بويسۇندۇردى ، باش ئەگدۈردى ؛ ئاسانلاشتۇردى.

**«وَذَلَّلْنَاهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَ مِنْهَا يَأْكُلُوْنَ» «قرآن»** : ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق ، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ ، بەزىسىنى يەيدۇ.

**«وَذُلِّلَتْ قُطُوفُهَا تَذْلِيلاً» «قرآن»** : جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ( ئۇلارغا ) ئاسان قىلىنىدۇ.

**ذَلُولٌ ج ذُلُلٌ** : كۆندۈرۈلگەن ، ئاسانلاشتۇ ـ

رولغان، كۆنۈك.

«اِنَّهَا بَقَرَةٌ لَا ذَلُولٌ تُثِيرُ الْاَرْضَ وَلَا تَسْقِي الْحَرْثَ» «قرآن» : ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى...

«هُوَ الَّذِى جَعَلَ لَكُمُ الْاَرْضَ ذَلُولًا» «قرآن» : ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى.

فَرَسٌ ذَلُولٌ: مىنىلگەن ئات، كۆندۈرۈلگەن ئات.

دَابَّةٌ ذَلُولٌ : كۆندۈرۈلگەن ھايۋان.

ذَلِيلٌ ج أَذِلَّاءُ وَأَذِلَّةٌ: خار، ھەقىر، كۆڭلى سۇنۇق، مېھرىبان، مۇلايىم.

«وَجَعَلُوا أَعِزَّةَ أَهْلِهَا أَذِلَّةً» «قرآن» : شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى (ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە سۈرگۈن قىلىش بىلەن) خار قىلدى.

ذِمَارٌ : قوغداشقا تېگىشلىك نەرسە (شەرەپ، نام ـ ئابروي، ئائىلىۋى نوپۇز قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتىدۇ).

ذِمَامٌ ج أَذِمَّةٌ: كاپالەت، ئامانلىق، ئەھدە، مەجبۇرىيەت.

«نَهَى الْإِسْلَامُ عَنِ التَّعَرُّضِ لِأَهْلِ الْكِتَابِ لِأَنَّ لَهُمْ عَلَى الْمُسْلِمِينَ ذِمَامًا» : ئىسلام دىنى ئەھلى كىتابقا چېقىلىشنى مەنئى قىلدى، چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلەش مەسئۇلىيىتى بار.

«لِصَدِيقِكَ عَلَيْكَ حُرْمَةٌ وَذِمَامٌ» : دوستۇڭغا ھۆرمەت قىلىشىڭ ۋە سەممىمىي بولۇشۇڭ لازىم.

حُسْنُ الذِّمَامِ : سادىق، سەممىمىي.

ذَمَرَ يَذْمُرُ ذَمْرًا الْأَسَدُ: يولۋاس ھۆركىرىدى، نەرە تارتتى.

ذَمَّ يَذُمُّ ذَمًّا الشَّخْصَ: ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى، سۆكتى، تەنقىد قىلدى.

ذَمٌّ ج ذُمُومٌ : ئەيىبلىمەك، تەنە قىلماق، مالامەت قىلماق، تەنقىد قىلماق.

ذِمَّةٌ ج ذِمَمٌ: مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، ئەھدى، كاپالەت، زىممىسىگە ئالماق.

«لَا يَرْقُبُونَ فِي مُؤْمِنٍ إِلًّا وَلَا ذِمَّةً» «قرآن» : ئۇلار مۆمىنلەر ھەققىدە نە تۇغقانچىلىقنى، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ.

«فُلَانٌ لَا ذِمَّةَ لَهُ» : ئەھدىسىدە تۇرمايدۇ.

أَهْلُ الذِّمَّةِ : زىممىي، زىممىيلار (مۇسۇلمان ئەللىرىدە قوغدىلىدىغان ۋە ئامانلىقتا ئېرىشكەن غەيرىي مۇسۇلمانلار).

اَلذِّمَّةُ الْحَالِيَّةُ : ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت.

فِي ذِمَّةِ اللّٰهِ : ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن (ۋاپات بولغۇچىغا ئىچ ئاغرىتىش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدىغان سۆز).

هُوَ فِي ذِمَّةِ الْمَنُونِ: ئۇ ئۆلدى، ئۇ ۋاپات بولدى.

بِذِمَّتِي : مېنىڭ ئىلكىمدە، مېنىڭ زىممەمدە.

بِذِمَّتِكَ: سېنىڭ ئىلكىڭدە، سېنىڭ زىممەڭدە.

بَرَاءَةُ الذِّمَّةِ : مالىيە جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتتىن ۋە باشقا جىنايەتلەردىن پاك دەپ گۇۋاھلىق بېرىش.

فِي ذِمَّتِي كَذَا : مېنىڭ مەسئۇلىيىتىمدە.

هَذَا الْخَبَرُ عَلَى ذِمَّةِ فُلَانٍ: بۇ خەۋەر پالانىنىڭ ئىلكىدە، بۇ خەۋەر پالانىنىڭ مەسئۇلىيىتىدە.

هَذِهِ الْمَرْأَةُ عَلَى ذِمَّةِ فُلَانٍ : بۇ ئايال پوكۇنىنىڭ خوتۇنى.

عَدِيمُ الذِّمَّةِ : ئەخلاقسىز، ۋىجدانسىز، ئىنساپسىز.

قَلِيلُ الذِّمَّةِ : شەرمەندە، نومۇسسىز.

أَصْبَحَ فِي ذِمَّةِ التَّارِيخِ: تارىخ بولۇپ قالدى، تارىختىكى ئىش بولۇپ قالدى.

هُوَعَلَى ذِمَّةِ التَّحْقِيقِ: ئۇ تەكشۈرۈش ئۈستىدە.

ذَمَّمَ يُذَمِّمُ تَذْمِيمًا : قاتتىق ئەيىبلىدى، قاتتىق مالامەت قىلدى، قاتتىق كايىدى.

ذِمِّيٌّ : زىممىي، زىممىيلار (مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى ئادەم).

ذَمِيَ يَذْمَى ذَمًى وَذَمًا الشَّيْءُ: ھەرىكەت قىلدى، مىدىرلىدى.

ذَمَى يَذْمِي ذَمْيًا وَذَمَاءَ الْمَذْبُوحُ : بوغۇزلانغاندىن كېيىن قوي قاتارلىقلار تىپىرچەكلىدى.

ذَمَى الْمَرِيضُ : كېسەل سەكراتقا چۈشتى ۋە سەكراتتىكى ۋاقتى ئۇزىراپ كەتتى.

ذَمُولٌ : قەدىمى يېنىك تۆگە.

ذَمِيلٌ : تۆگىنىڭ ئاستا مېڭىشى.

ذَمِيمٌ : ئەيىبلەنگەن ، مالامەت قىلىنغان ، نومۇسسىز.

اَلصِّفَاتُ الذَّمِيمَةُ : ناچار قىلىقلار ، ناچار سۈپەتلەر.

ذُنَابَى : قۇش قۇيرۇقى.

ذَنَبَ يَذْنُبُ ذَنْبًا الصَّائِدُ الْحَيَوَانَ : ئوۋچى ئوۋنىڭ قۇيرۇقىغا تەگكۈزدى.

ذَنَبَ الشُّرْطِيُّ اللِّصَّ: ساقچى ئوغرىنىڭ ئىزىغا چۈشتى.

ذَنْبٌ ج ذُنُوبٌ : گۇناھ ، جىنايەت ، خاتالىق.

«وَاسْتَغْفِرْ لِذَنْبِكَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِرَبِّكَ بِالْعَشِيِّ وَالْإِبْكَارِ» «قۇرآن» : گۇناھىڭغا ئىستىغپار ئېيتقىن، ئاخشىمى ـ ئەتىگىنى پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدى بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن.

ذَنَبُ الثَّوْرِ : قومپەرەز ( ئۆسۈملۈك )

ذَنَبُ الْفَأْرَةِ : پاقا يوپۇرماق.

ذَنَبُ الثَّعْلَبِ : قۇيرۇقلۇق ھەرە ( ئۆسۈملۈك )

«اِرْتَكَبَ ذَنْبًا» : گۇناھ قىلدى.

ذَنَبُ الْخَيلِ : تېۋىلغا ( ئۆسۈملۈك )

ذَنَبُ الْقِطِّ : قومۇش ، يېكەن.

اِتَّبَعَ ذَنَبَ الْأَمْرِ: ئۆتكەن ئىشقا ئەپسۇسلاندى ، ئۆتكەن ئىشقا ھەسرەت چەكتى.

ذَنَبٌ ج أَذْنَابٌ وذِنَابٌ : قۇيرۇق ( ھايۋاننىڭ ) ؛ قۇيرۇق ( غالچا )، يالاقچى ، ئەگەشكۈچى.

أَبُو ذَنَبٍ : قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز.

نَجْمٌ ذُو ذَنَبٍ : قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز.

بَيْنَهُمَا ذَنَبُ الضَّبِّ : ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار.

أَقَامَ بِأَرْضِنَا وَغَرَزَ ذَنَبَهُ : كەتمەي تۇرۇۋالدى.

أَعْقَدُ مِنْ ذَنَبِ الضَّبِّ: ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ ئىش.

حَدِيثُهُ طَوِيلُ الذَّنَبِ : تۈگىمەيدىغان پاراڭ ، قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيدىغان گەپ.

رَكِبَ ذَنَبَ الْبَعِيرِ : بارغا قانائەت قىلدى.

رَكِبَ ذَنَبَ الرِّيحِ: يۈگۈرۈپ ھېچ ئادەم يېتەلمىدى.

هُوَ ذَنَبٌ لِفُلَانٍ : ئەگەشكۈچى.

أَذْنَابُ الْإِسْتِعْمَارِ : جاھانگىرلىكنىڭ غالچىلىرى ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ غالچىلىرى.

أَذْنَابُ النَّاسِ : كىشىلەرنىڭ چۈپۈرەندىلىرى.

ذَنَبِيٌّ : قۇيرۇقلۇق.

ذَنَّبَ يُذَنِّبُ تَذْنِيبًا الْحَيَوَانُ: ھايۋان قۇيرۇقىنى چىقاردى ، قۇيرۇقىنى دىڭگايتتى.

ذَنَّبَ الرَّجُلُ الْعَمَامَةَ : سەللىنىڭ پەتلىسىنى چۈشۈردى.

ذَنَّبَ الْجَرَادُ : چېكەتكە توخۇملاش ئۈچۈن قۇيرۇقىنى تىكلىدى.

ذَنَّبَ الشَّيْءَ: نەرسىگە قۇيرۇق چىقاردى.

ذَنَّبَ الدَّابَّةَ : ھايۋاننىڭ قۇيرۇقىنى تۇتتى.

ذَنَّبَ الْأُسْتَاذُ التِّلْمِيذَ : ئۇستاز شاگىرتىنى گۇناھى ئۈچۈن جازالىدى.

ذَنَّبَ الْكِتَابَ : كىتابنىڭ چۈشۈرگىسىنى چۈشۈردى ، تاماملىدى.

ذَنُوبٌ ج أَذْنِبَةٌ وَذَنَائِبُ : چوڭ سوۋغا؛ ياكى سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان تۇلۇم؛ تەلەي ، نېسىۋە ؛ قۇيرۇقلۇق ، قۇيرۇقى ئۇزۇن.

«فَإِنَّ الَّذِينَ ظَلَمُوا ذَنُوبًا مِثْلَ ذَنُوبِ أَصْحَابِهِمْ» «قۇرآن» : (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارنىڭ (ئازابتىن) ئۆتكەنكى (ھالاك بولغان) دوستلىرىنىڭ نېسىۋىسىدەك نېسىۋىسى بولىدۇ.

يَوْمٌ ذَنُوبٌ : نەس باسقان كۈن.

ذَمَا يَذْمُو ذَمْوًا : تەكەببۇرلۇق قىلدى ، چوڭچىلىق قىلدى.

ذَهَابٌ : بارماق ، كەتمەك.

ذَهَبَ يَذْهَبُ ذَهَابًا وَذُهُوبًا الضَّيفُ: مېھمان كەتتى ، ئۈزۈلدى.

«ثُمَّ ذَهَبَ إِلَى أَهْلِهِ يَتَمَطَّى» «قۇرآن» : ئاندىن كېرىلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

«لَقَدْ ذَهَبَ عَلَيَّ الْمَوْعِدُ فَأَرْجُو الْمَعْذِرَةَ» :

ۋەدە قىلىنغان چاغ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئەپۇ قىلىڭ.

«اِذْهَبْ فَمَنْ تَبِعَكَ مِنْهُمْ فَاِنَّ جَهَنَّمَ جَزَاؤُكُمْ»

«قۇرئان»: بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم) ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن) كىمىكى ساڭا ئەگەشىدىكەن، (جەھەننەم سىلەرگە ئۇلارغا) بېرىلگەن جازادۇر.

ذَهَبَ الشَّخْصُ : يىراقلاشتى.

«إِذْهَبْ عَنِّي فَلَا أُرِيدُ سِمَاعَكَ» : يوقال! گېپىڭنى ئاڭلاشقا چولۇم يوق.

ذَهَبَ الْأَمْرُ: ئىش ئۆتۈپ كەتتى.

ذَهَبَ الشَّخْصُ : ئىنسان ئۆلدى.

«ذَهَبَ لِلِقَاءِ رَبِّهِ» : ۋاپات بولدى، قازا قىلدى.

«اِنَّا ذَهَبْنَا نَسْتَبِقُ وَتَرَكْنَا يُوسُفَ عِنْدَ مَتَاعِنَا»

«قۇرئان»: يۇسۇپنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق.

ذَهَبَ إِلَى كَذَا: بىر پىكىردە چىڭ تۇردى، تەشەببۇس قىلدى، . . . دەپ ھېسابلىدى.

ذَهَبَ بِالشَّيْءِ: ئېلىپ تاشلىدى، يوق قىلىۋەتتى.

ذَهَبَ بِهِ : بىللە كەتتى، ئېلىپ كەتتى.

ذَهَبَ عَنْهُ : تاشلىۋەتتى، تەرك ئەتتى.

ذَهَبَ عَلَيَّ شَيْءٌ : ئۇنتۇپ كەتتىم.

ذَهَبَ عَلَيْهِ كَذَا : ئۇنتۇدى.

ذَهَبَ أَدْرَاجَ الرِّيَاحِ : بىكارغا كەتتى، يوققا چىقتى، ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمىدى، ھېچنەرسىگە دال بولالمىدى.

ذَهَبَ كَأَمْسِ الدَّابِرِ : ئىز-سىز يوقالدى، دېرەك-سىز يوقالدى.

ذَهَبَ بِخَيَالِهِ بَعِيدًا : يىراق خىياللارنى قىلىپ كەتتى، خىيالىنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى.

ذَهَبَ جُهْدُهُ سُدًى : تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتتى.

ذَهَبَ إِلَى قَوْلِهِ : سۆزنى قوبۇل قىلدى، گەپ يىدى.

ذَهَبَ فُلَانٌ بِالْفَخْرِ : شان-شەرەپتە يېگانە بولدى.

ذَهَبَ عَبَثًا : قۇرۇق ئاۋارىچىلىق تارتتى.

ذَهَبَ سُدًى : بىھۇدە قۇربان بولدى، بىكار كەتتى.

ذَهَبَ مَذْهَبَ فُلَانٍ : ئۇنىڭ يولىدا ماڭدى.

ذَهَبَ ضَيَاعًا : يوقاتتى، چۈشۈرۈپ قويدى.

ذَهَبَ وَ جَاءَ: كېلىپ-كېتىپ تۇردى.

ذَهَبَ ضَحِيَّةَ الْاِنْفِجَارِ : پارتلاشتا قۇربان بولدى.

ذَهَبَ إِلَيْهِ : ئۇنىڭغا يۈزلەندى.

ذَهَبَ الشَّيْءُ فِي الشَّيْءِ: ئارىلاشتى.

ذَهَبَ فِي الدِّينِ مَذْهَبًا : دىندا مەلۇم مەزھەپكە ئەگەشتى.

ذَهَبَ الشَّخْصُ بِكَذَا : مۇئەييەن مەزھەپكە ئەگەشتى.

ذَهَبَ الزَّمَانُ بِنَضْرَتِهِ: زامان ئۇنى سارغايتىۋەتتى، قورۇتۇۋەتتى.

ذَهَبَتْ بِهِ الْخُيَلَاءُ : ھاكاۋۇرلۇق ئۇنىڭ تەمكىنلىكىنى يوقاتتى.

ذَهَبَتْ نَفْسُهُ حَسَرَاتٍ عَلَيْهِ : قاتتىق قايغۇدىن ھالاك بولاي دەپ قالدى.

ذَهَبَتِ النَّفْسُ فِيهِ كُلَّ مَذْهَبٍ : ئۇنى چۈشەنمەستە تېڭىرقاپ قالدى.

ذَهِبَ يَذْهَبُ ذَهَبًا الرَّجُلُ : كىشى ئالتۇن خەزىنىسىگە ئۇچراپ ھاڭ-تاڭ قالدى.

ذَهَبٌ ج ذِهَابٌ و أَذْهَابٌ: ئالتۇن، زەر؛ تۇخۇمنىڭ سېرىقى.

«وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللّٰهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ» «قۇرئان»: ئالتۇن-كۆمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن.

اَلذَّهَبُ الْأَسْوَدُ : نېفىت.

اَلذَّهَبُ الْأَبْيَضُ : ئاق ئالتۇن؛ پاختا.

اَلْوَقْتُ مِنْ ذَهَبٍ : ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت.

مَاءُ الذَّهَبِ : ئالتۇن سۈيى.

**ذَهَبَةٌ** : ئالتۇن پارچىسى.

**ذَهَبَةٌ ج ذِهَابٌ وأَذْهَابٌ** : ئاجىز يامغۇر ؛ كۈچلۈك يامغۇر.

**ذَهَبِيٌّ** : ئالتۇندەك ، ئالتۇنسىمان ، ئالتۇنغا مەنسۇپ.

**ذَهَبِيَّةٌ**: ئالتۇنغا مەنسۇپ ، ئالتۇنغا ئائىت.

**نَصِيحَةٌ ذَهَبِيَّةٌ**: ئالتۇندەك نەسىھەت، پايدىلىق نەسىھەت.

**«نَشَرَتِ الشَّمْسُ أَشِعَّتَهَا الذَّهَبِيَّةَ عَلَى الْحُقُولِ»** : قۇياش ئالتۇن رەڭلىك شولىسىنى ئېتىزلارغا چاچتى.

**ذَهِرَ يَذْهَرُ ذَهَرًا** : چىشى قارىداپ كەتتى.

**ذَهَلَ يَذْهَلُ ذَهْلًا وَذُهُولًا** : ئۇنتۇدى ، ئېسىدىن چىقىپ كەتتى.

**ذَهَلَ الشَّخْصُ** : ئېڭىرقاپ قالدى.

**ذَهَلَ عَنِ الشَّيْءِ**: ئۇنتۇپ قالدى ، غەپلەتتە ئۇنتۇدى.

**ذَهِلَ يَذْهَلُ ذُهُولًا الشَّخْصُ**: قاتتىق ھاياجاندىن ھوشىنى يوقاتتى ، ئېسىنى يوقاتتى.

**ذَهِلَ عَنِ الشَّيْءِ**: ئۇنتۇپ قالدى.

**«يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّا أَرْضَعَتْ»** ‹قرآن› : ئۇ كۈندە ھەربىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال ( قاتتىق قورقۇنچتىن ئېڭىرقاپ قېلىش بىلەن ) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ.

**ذَهْلٌ مِنَ اللَّيْلِ**: كېچىنىڭ بىر قىسمى.

**ذُهْلُولٌ ج ذَهَالِيلُ** : ياخشى ئات ؛ مەرد ئادەم.

**ذَهِنَ يَذْهَنُ ذَهَنًا**: چۈشەندى ، ئويلاپ يەتتى ، سەزدى.

**ذِهْنٌ ج أَذْهَانٌ**: ئەقىل - ئىدراك، زېھىن، مېڭە؛ ھوش؛ پاراسەت.

**«لَمْ يَتَبَادَرْ إِلَى ذِهْنِي شَيْءٌ مِمَّا قُلْتَ»** : دېگەنلىرىڭدىن ھېچنېمە كۆڭلۈمگە كەلمىدى.

**حُضُورُ الذِّهْنِ**: پىكىرنى مەركەزلەشتۈرمەك، زېھنى قويماق ، كۆڭۈل قويماق ، ھوزۇرى دىل.

**حِسابٌ ذِهْنِيٌّ** : مۆلچەرلىمەك ، كۆڭلىدە ھېساپلاپ كۆرمەك.

**إِجْعَلْ ذِهْنَكَ إِلَى مَاأَقُولُ** : سۆزۈمگە قۇلاق سال.

**أَلْقِ إِلَيَّ ذِهْنَكَ**: سۆزۈمگە قۇلاق سال.

**حَاضِرُ الذِّهْنِ** : سەزگۈر.

**ذَهِنٌ** : ئەقىللىق ، ھوشيار ، زېرەك.

**ذِهْنِيَّةٌ** : پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ؛ ئەقلىي قابىلىيەت ، ئەقلىي ئىقتىدار.

**ذَهَّبَ يُذَهِّبُ تَذْهِيبًا الشَّيْءَ**: ئالتۇن ھەل بەردى.

**«ذَهَّبَ الصَّائِغُ الْمَعْدِنَ»** : زەرگەر مېتالغا ئالتۇن ھەل بەردى.

**ذَهُوبٌ** : كەتكۈچى ، بارغۇچى.

**ذُهُولٌ** : ھودۇقۇش ، تەمتىرەش.

**«نَظَرْنَا إِلَى كُلِّ شَيْءٍ بِذُهُولٍ حِينَ زُرْنَا الصَّحْرَاءَ»** : چۆلنى تونجى كۆرگىنىمىزدە ھەممە نەرسىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدۇق.

**اَلذُّهَيْبُ** : ئالتۇن ياللىتىلغان ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن.

**ذُو م ذَاتٌ مُثَنَّاه ذَوَاج ذَوُو و ذَوُونَ**: ئىگە ، ئىگىسى ، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى.

**ذُوالنُّونِ** : زۇننۇن (يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى)

**«إِنَّ اللَّهَ هُوَالرَّزَّاقُ ذُوالْقُوَّةِالْمَتِيْنُ»** ‹قرآن› : ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر ، قۇدرەتلىكتۇر ( ئاللاھنىڭ قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر ).

**ذُو الْكَلِمَةِ** : نوپۇزلۇق.

**ذُوعِلْمٍ** : ئىلىم ئىگىسى.

**ذُوثَلَاثِ حَبَّاتٍ**: دولانا دەرىخىنىڭ مېۋىسى.

**ذُوثَلَاثَةِ أَلْوَانٍ**: ئۈچ يوپۇرماق.

**ذُوبَالٍ** : مۇھىم.

**«أَنْتَ شَخْصٌ ذُوبَالٍ»** : سەن مۇھىم ئادەمسەن.

**ذُوخَمْسَةِ أَجْنِحَةٍ**: بەش قاناتلىق.

**ذُوخَمْسَةِ أَصَابِعَ**: بەش بارماقلىق.

**ذُو صِحَّةٍ** : ساغلام.

**ذُو عَقْلٍ** : ئەقىل ئىگىسى ، ئەقىللىق.

ذُو الْقَعْدَةِ : زۇلقەئدە ئېيى ، ھىجرىيە 11 ـ ئاي.

ذُو الْقَرْنَيْنِ: ئىككى مۈڭگۈزلۈك ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن.

ذُومَالٍ : مالدار ، باي.

ذُوالْحَجَّةِ : زۇلھەججە ئېيى ، ھىجرىيە 12 ـ ئاي.

ذُو قُرْبَى. ذُو رَحْمٍ: يېقىن تۇغقان.

ذُو أَجْنِحَةٍ: قاناتلىق.

ذُوالشُّمْعَةِ السَّيِّئَةِ : يامان ئاتلىق.

ذُو فِيهِ: ئۆزىنىڭ سۆزى.

ذُوالْفِقَارِ: زۇلپىقار ( قىلىچنىڭ نامى بولۇپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھەزرىتى ئەلىگە ھەدىيە قىلغان ) .

ذُومُسْتَوًى جَيِّدٍ : ياخشى سەۋىيىلىك.

ذُو بَطْنِهِ : ئۈچەي باغرى.

ذَوُو الْأَرْحَامِ: تۇغقانلار.

«إِنَّ الْعَامِلِينَ فِى مَعْهَدِ الْأَبْحَاثِ هَذَا ذَوُو مُسْتَوًى جَيِّدٍ» : بۇ تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى ياخشى.

ذَوَابِلُ: نەيزە.

ذَوَاقٌ: يېمەك ـ ئىچمەك.

«مَا ذُقْتُ ذَوَاقًا» : ھېچنەرسە يېمىدىم.

ذَوْبٌ : ھەسەل ، بال ، ئېرىس.

«هَذَا الْكَلَامُ ذَوْبُ الرُّوحِ» : بۇ سۆز جاننىڭ ئېرىتمىسىدۇر.

ذَوَبَانٌ: ئېرىمەك.

قَابِلٌ لِلذَّوَبَانِ: ئېرىيدىغان.

غَيْرُ قَابِلٍ لِلذَّوَبَانِ: ئېرىمەيدىغان ماددا.

ذَوْدٌ : قوغداش ، مۇداپىئە قىلماق ، ساقلىماق.

ذَوْقٌ ج أَذْوَاقٌ: تېتىش سېزىمى، ئېستېتىك ھېس ، ئېستېتىك زوق.

«أَنْتَ تَتَمَتَّعُ بِذَوْقٍ سَلِيمٍ» : سىز ساغلام ئېستېتىك زوققا ئىگىسىز.

اَلذَّوْلَنُ: بىس.

ذَوْلَقُ اللِّسَانِ: تىلنىڭ ئۇچى.

اَلْحُرُوفُ الذَّوْلَقِيَّةُ : تىل ئۇچى ھەرپلىرى ( ل ـ ر ـ ن )

ذَوَّاقٌ. ذَوَّاقَةٌ: سەنئەتنى چۈشىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ، كۆپ ئويلىشىدىغان ئادەم.

رَجُلٌ ذَوَّاقٌ : كۆپ ئويلىنىدىغان ئادەم.

أَدِيبٌ ذَوَّاقَةٌ : ئالاھىدە ئېستېتىك زوققا ئىگە ئەدىب.

ذَوَّبَ يُذَوِّبُ تَذْوِيبًا الشَّيْءَ: ئېرىتتى.

«ذَوَّبَتِ الْحَرَارَةُ الثَّلْجَ» : ھارارەت قارنى ئېرىتتى.

ذَوَّدَ يُذَوِّدُ تَذْوِيدًا الشَّيْءَ أَوعَنْهُ : ساقلىدى ، قوغدىدى ، مۇداپىئە قىلدى.

ذَوِيَ يَذْوَى ذُوِيًّا الْعُودُ: ياغاچ قۇرۇپ قالدى (ئۆسۈملۈك) قۇرۇپ كەتتى ، سولاشتى ، غازاڭ بولدى.

ذَوِيَ يَذْوَى ذُوِيًّا الشَّيْخُ : بوۋاي ئاجىزلاپ كەتتى.

ذِي ج ذَوُو : ئىگە ، ئىگىسى ، ئىگىدارلىق قىلغۇچى.

غَيْرُ ذِي مَوضُوعٍ : ئەھمىيەتسىز ، ئەھمىيىتى يوق.

جَاءَ مِنْ ذِي نَفْسِهِ : ئىختىيارى قىلغان ھالدا كەلدى.

كَانَ ذَلِكَ مِنْ ذِي قَبْلُ : ئۆتكەن زاماندا.

ذَيْلٌ ج أَذْيَالٌ و ذُيُولٌ : قۇيرۇق ؛ ئۇچى تەرەپ ؛ ئىلاۋە ، قوشۇمچە.

ذَيْلُ الثَّوبِ : كىيىمنىڭ پېشى ، كىيىمنىڭ ئېتىكى.

ذَيْلُ الصَّحِيفَةِ مِنَ الْكِتَابِ : كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتى.

طَوِيلُ الذَّيْلِ : باي.

ذَيْلُ الْفَأْرِ: چۆل يالپۇزى ( ئۆسۈملۈك )

طَاهِرُ الذَّيْلِ : پاك ، ساپ ؛ ئىپپەتلىك ؛ ئېسىل.

حَامِلُ الذَّيْلِ : مۇراسىم كىيىمىنىڭ پېشىنى

كۆتۈرگۈچى.

**أَذْيَالُ النَّاسِ** : لوكچەكلەر.

**تَعَلَّقَ بِأَذْيَالِهِ** : ئۇنىڭدىن مەدەت تەلەپ قىلدى ، ياردەم سورىدى.

**تَمَسَّكَ بِأَذْيَالِهِ** : ئۇنىڭدىن مەدەت تەلەپ قىلدى ، ياردەم سورىدى.

**جَرَّ أَذْيَالَهُ عَلَى الْأَرْضِ** : ھاكاۋۇرلۇق قىلدى ، چوڭچىلىق قىلدى.

**رَجَعَ يَجُرُّ أَذْيَالَ الْخَيْبَةِ** : ئىشى ئوڭۇشلۇق بولمىدى ، نەتىجە قازىنالمىدى.

**ذُيُولُ الْمُشْكِلَةِ** : قىيىن مەسىلىنىڭ قىلىپ قالغان ئىزلىرى.

**ذَيَّالٌ** : قۇيرۇقى ئۇزۇن ( ھايۋان )

**ذَيَّالٌ مِنَ الْإِنْسَانِ**: غادىيىپ ماڭغۇچى ، گىدىيىپ ماڭغۇچى.

**ذَيَّلَ يُذَيِّلُ تَذْيِيلاً الْمُؤَلِّفُ الْكِتَابَ**: ئاپتور كىتابقا ئىلاۋە يازدى.

**ذَيَّلَتِ الْمَرْأَةُ الْقَمِيْصَ** : ئايال ئېتىكىنى ئۇزۇن قىلدى.